# ھەممە نەرسە تەقدىر بىلەن بولىدۇ، ھەتتا ئىشلارغا سەل قاراپ ھورۇنلۇق قىلىش ۋە ئىشلارغا ماھىر بولۇپ جۇشقۇنلۇق بىلەن ئادا قىلىشمۇ تەقدىر بىلەن بولىدۇ ?

تاۋۇس رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىدىن نۇرغۇن كىشىلەر بىلەن ئۇچراشتىم ئۇلار ھەممە ئىش تەقدىر بىلەن بولىدۇ دەيدۇ، ئابدۇللاھ بىن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم: پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: « ھەممە نەرسە تەقدىر بىلەن بولىدۇ، ھەتتا ئىشلارغا سەل قاراپ ھورۇنلۇق قىلىش ۋە ئىشلارغا ماھىر بولۇپ جۇشقۇنلۇق بىلەن ئادا قىلىشمۇ تەقدىر بىلەن بولىدۇ».

[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ئىمام مۇسلىم"سەھىھ مۇسلىم"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان]

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ھەممە ئىشنىڭ تەقدىر بىلەن بولىدىغانلىقىنى بايان قىلدى. ھەتتا ئاجىزلىق يەنى بۇيرۇلغان ئىشلارنى قىلماسلىق، سەل قاراش، ھورۇنلۇق قىلىش، دۇنيا ۋە ئاخىرەت ئىشلىرىنى ئۆز ۋاقتىدىن كېچىكتۈرۈپ ئادا قىلىش قاتارلىقلار. ھەتتا روھلۇق جۇشقۇنلۇق؛ دۇنيا-ئاخىرەت ئىشلىرىدا ئاكتىپ بولۇش كېرەك ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالا ئاجىزلىق، جۇشقۇنلۇقنى ۋە ھەممە ئىشلارنى بېكىتتى ۋە تەقدىر قىلدى، دۇنيادا يۈز بەرگەن ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھ بۇرۇندىن بىلگەن ۋە خالىغان ئىشلاردۇر.

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/65039

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC E-Da'wah Committee